# ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىق، توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىلغار ياسىمىچىلىق ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش ياسىمىچىلىقنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، زامانىۋى كەسپ سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يول. تېخنىكا ئىنقىلابى، كەسپ ئۆزگىرىشى، ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، كەسپىي باغلاش، زەنجىرنى ئۇزارتىش، تېخنىكىنى سىڭدۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى كەسپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزە، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىلغار ياسىمىچىلىق ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى، ئۆزئارا ھەمتۈرتكە بولۇشى، باغلىنىپ ئورتاق مەۋجۇت بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىككىدە «قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، تۈزۈملەشكەن، ئۇزاق مەزگىل مۇقىم تەرەققىي قىلىدىغان مۇھىت يارىتىپ، ھەر خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىشى، بازار رىقابىتىگە ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر قاتنىشىشى، قانۇننىڭ قوغدىشىغا باراۋەر ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشى، تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزە ۋە كەسپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سودا قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمپورت بىلەن ئېكسپورت، مال سودىسى بىلەن مۇلازىمەت سودىسى، سودا بىلەن قوش يۆنىلىشلىك مەبلەغ سېلىش، سودا بىلەن كەسپنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ تەرتىپلىك ئەركىن يۆتكىلىشى، بايلىقلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بازارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ تەرتىپلىك جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى كۈچلۈك تىرەك، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدىكى ئەمگەك كۈچلىرى، ئىختىساسلىقلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك يۆتكىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، يۆتكىلىش پۇرسىتى يارىتىپ، يۆتكىلىش يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يۆتكىلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەممە كىشىنى تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: دىققەتنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەسئۇلىيىتى، ئاساسىي كەسپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ـ تەكشۈرۈش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش، باھالاش، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يۆتكەش ـ تەڭشەش قاتارلىق ئىشلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىكى ئوقۇتۇش بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى قاتتىق تەرتىپكە سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇتىدىغان، خاتىرجەم ئادەم تەربىيەلەيدىغان قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تۆۋەن چەك قىلىپ، سان ۋە سۈپەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، سورتقا ئايرىپ كاپالەتلەندۈرۈشنى يولغا قويۇپ، تەمىنات ئومۇمىي مىقدارىنى كۆپەيتىپ، تەمىنات قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەمىنات مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، تەمىنات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زاپىسى ۋە پىششىقلاش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭشەپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئىلمىي، مۇۋاپىق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىنات كاپالىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۇل مۇئامىلە ئۇل ئەسلىھەلىرى پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۈرۈشۈشىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك كاپالىتى بولۇپ، ماكرولۇق ئېھتىياتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تۇتقا. مۇھىم پۇل مۇئامىلە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەمنى بىرتۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، ئىجازەت بېرىشنى باشقۇرۇشنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەسلىھە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، ئىدارە قىلىنىشى ئۈنۈملۈك، ئىلغار، ئىشەنچلىك، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك پۇل مۇئامىلە ئۇل ئەسلىھە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ تىرەكلىك، يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى پەللىدىن پىلانلاش، يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇلۇش قىلىش، يۇقىرى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئەمەلىي قوللىنىش، يۇقىرى ھەمبەھىرە تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش بايلىقىنى توپلاپ، ئاساسىي تەتقىقات، ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەتقىقاتى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق ۋە ئەمەلىي قوللىنىش ئۈلگە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئەقلىيلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاددىي، مۇۋاپىق، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىشتا، سىستېمىلىق ئالغا سىلجىتىش، كەڭ دائىرىدە قاتنىشىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىش پرىنسىپى بويىچە، تېجەشچان ئورگان، يېشىل ئائىلە، يېشىل مەكتەپ، يېشىل مەھەللە، يېشىل سەپەر، يېشىل سودا سارىيى، يېشىل ئىمارەت قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېشىل تۇرمۇشقا دائىر ئالاقىدار سىياسەت ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: دۆلەت پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرلىككە كەلگەن مەبلەغ چىقارغۇچى تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا، كاپىتال باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش، بازارلاشتۇرۇش، ئېھتىياتچان بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ چىقارغۇچى بىلەن ھاۋالە قىلىنغۇچىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى دۆلەت كاپىتالىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە كارخانىسى تۈزۈمى ۋە دۆلەت پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سولىياۋدىن بۇلغىنىشقا پائال تاقابىل تۇرۇشتا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قىسمەن سولىياۋ بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ئىشلىتىشنى تەرتىپلىك چەكلەپ، چەك قويۇپ، ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان، ئاسان يىغىۋالغىلى بولىدىغان، پارچىلىنىدىغان سەپلىمە مەھسۇلاتلارنى پائال ئومۇملاشتۇرۇپ، يېشىل مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىپ، تاشلاندۇق سولىياۋلارنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى ھالقىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، سولىياۋدىن بۇلغىنىشنى كۈچلۈك، تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك تۈزەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز تۈزۈلمە خاراكتېرلىك چوڭقۇر قاتلاملىق توسالغۇلارنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، نۇرغۇن ساھەدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، سىستېمىلىق قايتا يارىتىش، ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك قايتا قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بىز مېخانىزم خاراكتېرلىك توسالغۇ مەسىلىسىنى يېشىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇن توسالغۇ، قىيىن نۇقتىلارنى ئېچىپ، راۋانلاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردۇق. بىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، دەل ۋاقتىدا بىر تۈركۈم كەسمە يۈزى كىچىك، ئۈنۈمى تېز بولغان سىياسەت خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان، غەم قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇردۇق. پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار مۇھىم ئىسلاھاتلارنى ئەستايىدىل رەتلەپ، تۈزۈم ئىسلاھاتى بىلەن تۈزۈمنىڭ يۈرۈشۈشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن قاتلامغا ئايرىپ ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئوڭ ـ سولدىكىلەرنى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى يانداشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» پەيدا قىلىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ۋە ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە تىرىشىپ يۈكسەك ئەخلاقنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن، مەدەنىي كەيپىياتنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىن، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ يارىتىقچىلىرىدىن بولىدىغان قويۇق كەيپىيات بەرپا قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيە ـ ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم بايانلىرى ۋە مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ـ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىپ، پايدىلىنىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى پىلانلاش، ياخشى تەشكىللەش كېرەك. ۋەزىپە ـ تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەل جايىدا يولغا قويۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، «تۆت جايىدا بولۇش»نى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزدىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق تەدبىرنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسىلىگە قاراپ ئاتلىنىپ، مەسىلىنى كۆزلەپ تۈزىتىپ، ئاممىنىڭ قاتنىشىشىنى كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ باھاسىنى قوبۇل قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا ئۇرغۇپ چىققان خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇرچ ـ ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇقاتلام چىڭىتىشى كېرەك، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايونلۇق پارتكوملار ئۆزى ۋە ئاساسىي قاتلامنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى ياخشى ئۈلگە بولۇپ، بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى قاتتىق، ئەمەلىي بولۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، شۇ خەيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، ياڭ شىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، يولداش كومىتېت باشلىقى ھەم سىز ئارقىلىق چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسى، چاۋشيەن ھۆكۈمىتى، چاۋشيەن خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە سەمىمىي تىلىكىمنى يوللايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 71 يىلدىن بۇيان، چاۋشيەن خەلقى چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يولداش كومىتېت باشلىقى باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن ئەمگەك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، چاۋشيەننىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە جەزمەن ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەن يولداش كومىتېت باشلىقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تارىخىي مەزگىلدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن. چاۋشيەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا، خەلقىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: سىلەر دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزۈڭلارنىڭ «مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلىغانلىقىڭلارنى نامايان قىلدىڭلار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 110 يىلدىن بۇيان، دۆلەت كۇتۇپخانىسى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. دۆلەت كۇتۇپخانىسى خادىملىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق يولداشلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۇتۇپخانا دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، مىللەتنىڭ قەلبىنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم سورۇن. دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇلازىمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. **(جاۋاب خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى)**

دۆلەت كۇتۇپخانىسى 1909 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىر كۇتۇپخانىدا ساقلانغان ماتېرىيال كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 40 مىليون پارچىغا يېقىن بولۇپ، يىلدا 5 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇرمەننى كۈتۈۋالىدۇ. يېقىندا، دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىكى دىڭ يۈ، شۈ دېيەنشى قاتارلىق سەككىز پېشقەدەم مۇتەخەسسىس باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، پېشقەدەم بىر ئەۋلاد دۆلەت كۇتۇپخانىسى خادىملىرىنىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ ۋەتەننىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغانلىقىنى، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاش، يېڭى دەۋردىكى كۇتۇپخانا ئىشلىرىنىڭ يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىشىغا تۈرتكە بولۇشقا بولغان مۇستەھكەم ئىشەنچىسىنى بىلدۈرگەندى.




### مەملىكەتلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

## نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشنى پۇختا ساغلاملىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، 2019 ـ يىللىق مەملىكەتلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاساسىي داۋالىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى قىلىپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئېغىر نامرات رايونلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ قوللاش ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشنى تېخىمۇ پۇختا ساغلاملىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى بىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى مەزگىلدىكى سەھىيە ـ ساغلاملىق ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە، ئاساسىي داۋالىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كېسەل كۆرسىتىدىغانغا جاي بولۇش، كېسەل كۆرىدىغانغا دوختۇر بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى بولۇش نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم خالىغانچە ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك. ناھىيەلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشى، «ناھىيە بىلەن يېزىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، يېزا بىلەن كەنتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» مېخانىزم قۇرۇلۇشى، يېزا ـ كەنت داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ساغلام جۇڭگو ئىستراتېگىيەسى ۋە داۋالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى ساغلاملىق ئارقىلىق يۆلەشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سەھىيە ـ ساغلاملىق ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پىلان تۈزۈپ، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاراتمىلىق ھالدا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتلىرىغا كېڭەيتىش، ئېغىر نامرات رايونلار، ئېغىر نامرات ئاممىغا قاپلاش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش شەكلىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق دېتال ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى يۇمشاق دېتال ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، «قان بېرىش» بىلەن «قان ئىشلەش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەملىكەتلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، كەسپىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەبلەغ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، تۈرلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى سىياسەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. سەھىيە ـ ساغلاملىق ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر 1000 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىمى ۋە داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتىنىڭ كارىۋات سانى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2012 ـ يىلىدىكى 5.1 كىشى، بەش كارىۋاتتىن 2018 ـ يىلى يەتتە كىشى، 6.96 كارىۋاتقا كۆپەيدى، كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلاشقان، قايتا نامراتلاشقان نامراتلارنىڭ ئىچىدە، 71 مىڭ ئائىلىدىكى 254 مىڭ 600 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھلىك سېيىت، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن ياۋ شىنمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.